## 99507 ـ سېرىما، مەزى ۋە نەملىكنىڭ ئارىسىدىكى پەرق توغرىسىدا

### سوئال

ئاياللاردىن قانداق ۋاقىتتا يۇيۇنۇش زۆرۈر بولىدىغان سېرىما چىقىدۇ ۋە قانداق ۋاقىتتا تەرەت ئېلىش كېرەك بولىدىغان ئاجرالمىلار چىقىدۇ بۇنى بىلمەيمەن، كۆپ قېتىم بۇنى بىلىشكە ئۇرۇنغان بولساممۇ، بۇ مەسىلىگە ئىنچىكە جاۋاپ بېرىدىغان بىرەر كىشىنى تاپالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئاجرالمىلارنى يۇيۇنۇش كېرەك بولمايدىغان، تەرەت ئېلىشلا كېرەك بولىدىغان ئادەتتىكى نەملىك دەپ قاراپ، جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىنلا يۇيۇنىدىغان، باشقا ۋاقىتتا يۇيۇنمايدىغان بولدۇم، ماڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاياللاردىن چىقىدىغان سۇيۇقلۇقلار؛ سېرىما ياكى مەزى ۋەياكى ئادەتتىكى ئاجرالما (نەملىك) چىقىدۇ. بۇ ئۈچ تۈرلۈك نەرسىنىڭ ئايرىم سۈپەتلىرى ۋە ئايرىم ھۆكۈملىرى بولىدۇ.

سېرىمىنىڭ سۈپەتلىرى:

1–سۇيۇق سېرىققا مايىل رەڭلىك بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە بېكىتىلگەن سېرىمىنىڭ سۈپىتىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەر كىشىنىڭ سېرىمىسى قويۇق ئاپپاق بولىدۇ، ئايالنىڭ سېرىمىسىسۇيۇق سېرىق رەڭدە بولىدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى 311–نومۇرلۇق ھەدىس].

بەزى ئاياللاردىن سېرىما ئاق رەڭدە كېلىدۇ.

2–سېرىمىنىڭ پۇرىقى بۇغداي خېمىرىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

3–سېرىما چىققاندا بىر خىل لەززەت ھاسىل بولىدۇ. سېرىما چىقىپ بولغاندىن كېيىن شەھۋەت ئاجىزلىشىدۇ.

سېرىما بولۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك سۈپەتنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇق بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ بەلكى ئۇ سۈپەتلەردىن بىرى تېپىلسا ئۇ سېرىما دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇئ" ناملىق ئەسەر 2–توم 141–

بەتتە مۇشۇنداق دېگەن.

مەزىي بولسا سۈيۈق شىلىمشىق ئاق سۇ بولۇپ، پىكىر قىلىش ياكى باشقا يوللار بىلەن شەھۋەت پەيدا بولغاندا چىقىدۇ، مەزىي چىققاندا لەززەت ھاسىل بولمايدۇ، مەزىي چىقىپ بولغاندىن كېيىن شەھۋەت ئاجىزلاشمايدۇ.

نەملىك بولسا، ئايالنىڭ بالياتقۇسىدىن چىقىدىغان ئاجرالما بولۇپ، بەزى ۋاقىتتا بۇنىڭ چىققانلىقىنى ئايال تۇيمايدۇ، بۇنىڭ ئاز–كۆپ چىقىشىدا ئايااللار بىر–بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

سپېرما، مەزىي ۋە نەملىك قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى ھۆكۈمدىكى پەرقى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

سپېرما پاكىزە بولۇپ، ئۇنى كىيىمدىن يۇيۇۋېتىش كېرەك ئەمەس، سپېرما چىققاندىن كېيىن يۇيۇنۇش كېرەك بولىدۇ. سپېرما ئۇخلىغان ھالەتتە چىقسۇن ياكى ئويغاق ھالەتتە چىقسۇن، جىنسى مۇناسىۋەت ياكى ئېھتىلام بولۇش سەۋەبى بىلەن چىقسۇن ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن چىقسۇن ھۆكمى ئوخشاش. (يەنى غۇسلى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

مەزىي نىجىس (پاسكىنا) بولۇپ، بەدەنگە يۇقۇپ قالسا شۇ يەرنى يۇيىمىز، كىيىمگە يۇقۇپ قالسا سۇ چېچىپ پاكىزلايمىز، مەزىي چىقسا تەرەت سۇنىدۇ، يۇيۇنۇش كېرەك بولمايدۇ.

نەملىك (ئاجرالما) پاكىزە بولۇپ، ئۇنى يۇيۇۋېتىش كېرەك بولمايدۇ، كىيىمگە يۇقۇپ قالسا كىيىمىنىمۇ يۇيۇش كېرەك بولمايدۇ، لېكىن تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، ئەگەر نەملىك توختىماي داۋاملاشسا ئۇ ۋاقىتتا نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن ھەر نامازغا ئايرىم تاھارەت ئالىدۇ، تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن نەملىك چىقسا بۇنىڭ زىيىنى بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 50404 – نومۇرلۇق سوئالالارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.